شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شينجياڭ گازەتى

2019 - يىل 5 - ئاي
11
شەنبە
维吾尔文5月11日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24692 - سان بۈگۈن 4 بەت

ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

«ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۆرەش نىشانىنى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك». مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل · كۆرەشچان يېڭى دەۋر

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

قۇبۇق دەرياسى بويىدا پورەكلەپ ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **چېن چېن، جېن شىشىن، يۈ يىچاڭ**

ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قۇبۇق دەرياسى قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنى باقماقتا، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللارنىڭ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوستلۇق مېھرىگە گۇۋاھ بولماقتا.

قۇبۇقسار بازىرىدىكى موڭغۇل ئاھالە ئۇلۇمسەن دائىم مۇنداق دەيدۇ: قوشنىلار ئىتتىپاق ئۆتسە، بىر بىنادىكىلەر ئىتتىپاق ئۆتەلەيدۇ؛ قورۇدىكى ئاھالىلەر ئىتتىپاق ئۆتسە، بىر مەھەللىدىكىلەر ئىتتىپاق ئۆتەلەيدۇ.

بۇلتۇرقى بىر قېتىملىق باھالاشتا، ئۇلۇمسەن ئولتۇرۇشلۇق بايىنشىرگ مەھەللىسىدىكى 11 - بىنا ناھىيە دەرىجىلىك «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى بىنا» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. «بۈگۈنكى كۈندە، مەھەللىمىز پۈتۈن ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى.» 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ لىپىڭ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر نۇرغۇن مەھەللە بىزنىڭ ياخشى ئۇسۇلىمىزنى ئۆگىنىۋاتىدۇ».

■ يەسلىدىكى «مېھرىبان ئانىلار»

قۇبۇقسار بازارلىق يەسلىدە يەتتە مىللەتتىن بولغان 226 بالا ئوقۇيدۇ، نۇرغۇن بالا بايىنشىرگ مەھەللىسىدىن كەلگەن؛ 31 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىمۇ كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان.

مۇشۇنداق چوڭ كوللېكتىپتىكى كىچىك دوستلار ئارىسىدا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ھېكايىلىرى كۈندە يۈزبېرىپ تۇرىدۇ.

ئىككى يىل ئىلگىرى، يەسلى چوڭ 1 - سىنىپىدىكى قازاق قىزچاق ئاسلاي دامۇنىڭ ئانىسى كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلغاندى. ئىككى يىلدىن بۇيان، موڭغۇل ئوقۇتقۇچى ئوتخون ئاسلاينىڭ كەيپىياتى ناچار چاغلاردا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە تاماق يەپ، ئۇنى پەپىلەپ ئۇخلىتىپ، ئۇنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

ئالاقىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاسلاي كۆڭلىدە ئوتخوننى ئانام دەپ بىلدى، ئۇنى كۆرسىلا قۇچاقلاپ، دائىم سۆيۈپ قوياتتى. ئاسلاينىڭ خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرگەندە، ئوتخونمۇ ئەگىشىپ كۈلۈمسىرەيتتى. «ئاسلاي بىلەن ‹ئانا - بالا› بولۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ تەلەيلىك ئىش. مەن بۇنى قەدىرلەپ، ئاسلاينىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن». ئوتخون مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

ئىتتىپاقلىق گۈللىرى قەلبلەرنى شادلاندۇردى

مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى

□ چېن چېن

بايىنشىرگ مەھەللىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەجرىبىسى قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى نۇرغۇن مەھەللە ۋە مەمۇرىي كەنتتە كېڭەيتىلدى. قۇبۇقسار بازارلىق يەسلى، بايىنبۇلاق مەھەللىسى ۋە بايىن ئوبا يېزىسىنىڭ كىلغانات كەنتىدە يۈزبەرگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرى بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچە دەستە پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل.

بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدە، ھەر مىللەت ئاما ئارىسىدىكى كۆڭۈل بۆلۈش ۋە غەمخورلۇق قىلىش چىن قەلبتىن ئۇرغۇغان. ئۆزئارا سىڭىشىپ، مىللەتلەر ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنىڭ گۈزەل يۈگمە رەسىمى سىزىپ چىقىلدى.

بىز قول تۇتۇشۇپ، قەلبداش بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ چىن ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى سۇغىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

ئاپتونوم رايون ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى تۆۋەنلەتتى

ئالاقىدار خېرىدارلار ھەر يىلى توك ھەققى چىقىمىنى 400 مىليون يۈەنگە يېقىن تېجەپ قالالايدۇ

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە ھەم باشقا تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە ھەم باشقا تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ سېتىلىش باھاسى ھەر كىلوۋات سائەتنىڭ 0.02361 يۈەن تۆۋەنلىتىلدى، ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ھەم باشقا توك ئىشلىتىش تۈرلىرىگە چېتىلىدىغان توك يەتكۈزۈش - تەقسىملەش توك باھاسى مۇناسىپ تۆۋەنلىتىلدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە ھەم باشقا تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ سېتىلىش باھاسى ۋاقىتنچە تەڭشەلمىدى، يەنىلا ھەر كىلوۋات سائەت 0.45 يۈەن بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. بىڭتۈەن تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ باھا تۆۋەنلىتىش لايىھەسىدىن پايدىلىنىپ، بىڭتۈەن ئېلېكتىر تورىنىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى تۆۋەنلىتىش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ يولغا قويىدۇ. قاراماي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى نېفىت ئېلېكتىر تورىنى دۆلەتنىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى تۆۋەنلىتىش خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ماس قەدەمدە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ. شىنجاڭ يىخې ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى تۆۋەنلىتىش تەلىپى بويىچە ئىجرا قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى توك باھاسىنى تەڭشەش سىياسىتى 2019 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. 4 - ئايلىق توك ھەققىنى تاپشۇرۇپ بولغان خېرىدارلارغا ئېلېكتىر تورى كارخانىلىرى 4 - ئايدىن باشلاپ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ خاتىرىلەنگەن توك مىقدارىنى پەرقلىق توك ھەققىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ قايتۇرىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز «پىكىر» ئېلان قىلىپ

پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلدى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈشيې** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «پۇل مۇئامىلىنىڭ پۇقراۋى كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلىدى)نى بېسىپ تارقىتىپ، دىققەتنى پۇقراۋى كارخانىلار، بولۇپمۇ كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارغا قارىتىلغان پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى.

«پىكىر»دە پۇقراۋى كارخانىلارغا قارىتىلغان پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلىكىنى ئۆستۈرۈش، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىكى توسالغۇنى راۋانلاشتۇرۇش، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئوبوروت خەتىرىنى تۆگىتىش قاتارلىق بەش جەھەتتىكى 13 كونكرېت تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

پەرقلىق كرېدىت سىياسىتى جەھەتتە، «پىكىر»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىنىڭ ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش قوللاش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

بىڭتۈەننىڭ 1 - پەسىللىك ئىقتىسادىنىڭ باشلىنىشى تەكشى، مۇقىم بولدى

ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەر كۆزلىمىدىن ياخشى بولدى

مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن**نىڭ بىڭتۈەن ئىستاتىستىكا ئىدارىسىدىن ئۇقۇشىچە، بىڭتۈەن ئىقتىسادى 1 - پەسىلدە تەكشى، مۇقىم باشلىنىپ، ئىشقا ئاشۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 35 مىليارد 170 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.4% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.2 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان. ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەر كۆزلىمىدىن ياخشى بولۇپ، ئاكتىپ ئامىللار جۇغلانغان، بازار ئىشەنچى كۈچەيگەن، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئاشقان.

1 - پەسىلدە، بىڭتۈەن ئىقتىسادىدا يۈرۈشۈش تەكشى، مۇقىم بولۇش، ۋەزىيەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ھاياتىي كۈچ ئېشىشتەك ئالاھىدىلىكلەر نامايان بولغان. بىڭتۈەن شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى بويىچە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، شەكلىنى ئۆزگەرتىش، ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئاشۇرۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولغان، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەيدىغان يۈزلىنىشنى ساقلىغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز 112 تۈرلۈك مەدەنىيەت، ساياھەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى يولغا قويىدۇ

مۇخبىرىمىز **رېن جياڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو ساياھەت كۈنى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار بەش چوڭ تۈردىكى 112 تۈرلۈك مەدەنىيەت، ساياھەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى يولغا قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇرغۇن مەنزىرە رايونلىرى كىرىش بېلىتى ئالماسلىق، كىرىش بېلىتى باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش تەدبىرلىرىنى ھەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر قاتارلىقلارغا ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدىكەن. ھەرقايسى جايلار يەنە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرىنى قويۇش، ئاممىۋى مەدەنىيەت سارايلىرىنى ھەقسىز ئېچىۋېتىش قاتارلىق مەدەنىيەتتە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدىكەن.

جۇڭگو ساياھەت كۈنىدە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزېي، خەن جەمەتى مەلىكىسى خاتىرە سارىيى، لىن زېشۇ خاتىرە سارىيى، غۇلجا شەھەرلىك يىرىك پىلان كۆرگەزمىخانىسى، ئىلى دەرياسى مەنزىرە رايونى ۋە توققۇزتارا ناھىيەسى ئىلگىدايى مەنزىرە رايونى ھەقسىز ئېچىۋېتىلىدۇ؛ تولى ناھىيەسى، قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى بارلىق A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى ھەمدە دۆربىلجىن ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى ھەقسىز بولىدۇ؛

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تۈنجى كەنت دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى تۈنجى كەنت كارخانىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسى قۇمۇشئۆستەڭ كەنتىدە قۇرۇلدى، كەنت كارخانىسىدىكى 80دىن ئارتۇق خىزمەتچى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتى. □ مۇخبىرىمىز **ئۆتكۈر نىجات** فوتوسى

تارىم دەرياسى «يېشىل كارىدور»نىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش خاتىرىسى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى **جاڭ شياۋلۇڭ، لى جىخاۋ، ئامان**

ئەتىيازنىڭ ئاخىرى، يازنىڭ بېشىدا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرغاق بوستانلىقلاردا ئاندا - ساندا قۇم - بوران چىقىپ تۇراتتى، ئەمما كىشىلەر «قارا بوران» توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى بارا - بارا ئۇنتۇماقتا ئىدى.

جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان تارىم دەرياسى قۇملۇق بىلەن بوستانلىقنىڭ چېگراسى ھېسابلىنىدۇ. دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا شۇ جايدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن «قارا بوران» دەپ ئاتالغان ئالاھىدە كۈچلۈك قۇم - بوران نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۈزۈلمەي چىققاندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)